# يازما يادىكارلىقلاردا خاتىرىلەنگەن يەكەن خانلىقىدىكى ئابدۇرەشىتخاننىڭ پەرزەنتلىرىگە دائىر مەلۇماتلار

لى چى

ئابدۇرەشىتخان VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يەكەن خانلىقىغا خان بولغان. ئۇ ھىجرىيە 915 - يىلى (مىلادى 1509 - 1510 - يىللار) تۇغۇلغان (1)، ھىجرىيە 940 - يىل روزا ئېيىنىڭ 1 - كۈنى (1533 - يىل 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى) تەختكە چىققان، ھىجرىيە 967 - يىلى (مىلادى 1559 - 1560 - يىللار) 49 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن (بۇ ھەقتىكى قاراشلار ئوخشاش ئەمەس) (2). پارسچە مەشھۇر كىتاب «تارىخى رەشىدى» ئابدۇرەشىتخانغا ئاتاپ يېزىلغان. ئابدۇرەشىتخاننىڭ پەرزەنتلىرىگە دائىر مەلۇماتلار خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىن باشقا، يەنە باشقا يېزىقتىكى يازما يادىكارلىقلاردىمۇ خاتىرىلەنگەن، لېكىن ئۇلاردا بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ماقالىدە خەنزۇچىدىن باشقا يېزىقتىكى تارىخىي ماتېرىياللاردىكى قاراشلارنى قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

## 1 . ئابدۇرەشىتخاننىڭ قانچە پەرزەنتى بار؟

بۇ ھەقتىكى قاراشلار خىلمۇ خىل. تارىخىي ماتېرىياللاردا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

شاھ مەھمۇت ئىبنى مىرزا فازىل جوراس مۇنداق دەپ قارايدۇ، ئابدۇرەشىتخاننىڭ 12 ئوغلى بار، ئۇنىڭ مۆھتەرەم رەپىقىسى چۈچۈك خانىم، چۈچۈك خانىم جانىبەگ قازاق ئوغلى ئەدىك سۇلتاننىڭ قىزى. چۈچۈك خانىمنىڭ ئانىسى سۇلتان نىگار خانىم يۇنۇسخاننىڭ تۆتىنچى قىزى.

چۈچۈك خانىم ئابدۇرەشىتخاندىن ئالتە ئوغۇل يۈزىنى كۆردى. ئۇلار: بىرىنچى، ئابدۇلېتىپ سۇلتان: ئىككىنچى، ئابدۇكېرىمخان: ئۈچىنچى، ئابدۇرېھىم سۇلتان: تۆتىنچى، ئىبراھىم سۇلتان (سوپى سۇلتان دەپمۇ ئاتالغان): بەشىنچى، مۇھەممەتخان : ئالتىنچى، ئەبۇ سەئىد سۇلتان. ئابدۇرەشىتخاننىڭ يەنە ھەر خىل

تائىپەدىن تۇغۇلغان ئالتە ئوغلى بولۇپ، ئۇلار: يەتتىنچى، قۇرەيش سۇلتان؛ سەككىزىنچى، مۇھەممەت باقى سۇلتان؛ توققۇزىنچى، مۇھەممەتشاھ سۇلتان؛ ئونىنچى، يۇنۇس سۇلتان؛ ئون بىرىنچى، ئابدۇللا سۇلتان؛ ئون ئىككىنچى، ئابدۇرېھىمخان ③.

«قەشقەر تارىخى» نىڭ نامەلۇم ئاپتورىنىڭ ئابدۇرىشىتخاننىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ رەت - تەرتىپى توغرىسىدىكى قارىشى جوراسنىڭكىگە ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇ جوراسنىڭ ئەسىرى «تارىخى رەشىدى زەيلى» دىكى يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلىغان. نامەلۇم ئاپتورنىڭ قارىشىچە، يەتتىنچى ئوغۇل قۇرەيش سۇلتان سەئىد مىرزىنىڭ قىزى زىرەبزدىن تۇغۇلغان؛ سەككىزىنچى ئوغۇل مۇھەممەت باقى مەنسۇرخاننىڭ ئوغلى شاھخاننىڭ قىزى خۇپ نىگارخانىمدىن تۇغۇلغان؛ توققۇزىنچى ئوغۇل مۇھەممەتشاھ سۇلتان ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئەتىۋارلىق رەپىقىسىدىن تۇغۇلغان، بۇ خوتۇن سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئەۋلادى. ئونىنچى ئوغۇل يۇنۇس سۇلتان بىلەن ئون بىرىنچى ئوغۇل ئابدۇللا سۇلتان بىر ئانىدىن تۇغۇلغان. بۇ ماتېرىيال جوراسنىڭ ئابدۇرىشىتخاننىڭ كېيىنكى ئالتە ئوغلى باشقا ئانىدىن تۇغۇلغان دېگەن قارىشىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ④.

بۇ مەسىلە ئۈستىدە توختالغان يەنە ئىككى تارىخىي ماتېرىيال بار. ئەمىن ئەھمەت رازى «خەفت ئىقلىم» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «خاننىڭ 13 ئوغلى بار. ئۇلار: بىرىنچى، ئابدۇلېتىپخان؛ ئىككىنچى ئابدۇكېرىمخان؛ ئۈچىنچى، ئابدۇرېھىمخان؛ تۆتىنچى، ئابدۇ ئاجۇس؛ بەشىنچى ئادخام سۇلتان. كىشىلەر ئۇنى سوپى سۇلتان دەپ ئاتايدۇ؛ ئالتىنچى، مۇھەممەت سۇلتان؛ يەتتىنچى، مۇھەممەت باقى؛ سەككىزىنچى، قۇرەيش سۇلتان؛ توققۇزىنچى، ئابدۇسەئىد سۇلتان؛ ئونىنچى، ئابدۇللا سۇلتان؛ ئون بىرىنچى، ئۇۋۇس (يۇنۇس) سۇلتان؛ ئون ئىككىنچى، ئالىپ سۇلتان؛ ئون ئۈچىنچى، ئابدۇرېھىم سۇلتان.»⑤

ھەيدەر ئىبىن ئەلى «تارىخى ھەيدەر» ناملىق ئەسىرىدىمۇ يۇقىرىقىدەك خاتىرە قالدۇرغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئابدۇلېتىپ سۇلتان بىلەن ئابدۇكېرىمخان مەنسۇرخاننىڭ قىزىدىن تۇغۇلغان ⑥.

مۇھەممەت ئىبىن ۋەلى «بەھرەل ئەسرار» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان، ئابدۇرىشىتخاننىڭ توققۇز ئوغلى، ئىككى قىزى بار. ئۇلار: بىرىنچى ئابدۇلېتىپ سۇلتان؛ ئىككىنچى، ئابدۇكېرىمخان؛ ئۈچىنچى مۇھەممەت سۇلتان؛ تۆتىنچى، سوپى سۇلتان؛ بەشىنچى، قۇرەيش سۇلتان؛ ئالتىنچى، يۇنۇس سۇلتان؛ يەتتىنچى. مۇھەممەت باقى سۇلتان؛ سەككىزىنچى، ئەبۇ سەئىد سۇلتان؛

تۇققۇزىنچى، ئابدۇرېھىم سۇلتان؛ ئىككى قىزى — ھاجى خېنىم بىلەن جالال خېنىم شەيبانى سۇلتانغا ياتلىق قىلىنغان.

## 2. ئابدۇرەشىتخاننىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرى

### 1. ئابدۇرەشىتخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇلېتىپ توغرىسىدا

ئابدۇرەشىتخان ھايات چاغدا، چوڭ ئوغلى ئابدۇلېتىپخاننى ئاقسۇ بىلەن ئۇچتۇرپانغا ئەمىر قىلىپ ئەۋەتكەن. بۇ ۋاقىت يەكەن خانلىقى قۇدرەت تاپقان مەزگىل ئىدى[8]. ئابدۇلېتىپ شاھزادىلەر ئىچىدە باتۇرلۇقى بىلەن داڭ چىقارغان بولۇپ، ئاتىسى ئۇنى قىرغىزلار ۋە قازاقلارغا قارشى تۇرۇشقا موغۇلىستانغا بىر قانچە قېتىم ئەۋەتكەنىدى[9]. ئابدۇلېتىپ موغۇلىستاننى چىڭ ساقلىغاچقا، قازاقلار بىلەن قىرغىزلار ھۇجۇم قىلىپ كىرەلمىگەن[10]. ئابدۇلېتىپ سۇلتان ئاقسۇدا قازاقلارغا، قىرغىزلارغا ۋە موڭغۇللارغا ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلغان، ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈك - چارۋىلىرىنى ئولجا ئالغان شۇنداقلا زىيانغا ئۇچراتقان. ئۇ جەڭلەردە رەقىبلىرىنى دائىم مەغلۇپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىمۇ جەڭدە ھالاك بولغان[11].

ئابدۇلېتىپ 29 يېشىدا «قازاقلار بىلەن قىرغىزلارنىڭ خانى ھەق نەزەرخان» بىلەن بولغان جەڭدە ئۆلگەن. بۇ قېتىمقى جەڭگە «قىرغىزلارنىڭ يەر ئىجارىسىنى تاپشۇرۇشقا قارشى چىققانلىقى سەۋەب بولغان. ئابدۇلېتىپ سۇلتان قىرغىزلارغا يۈرۈش قىلغان. دەسلەپتە ئۇ ئارقا - ئارقىدىن غەلىبە قىلىپ نۇرغۇن ئولجا ئالغان.»[12]، «5 - قېتىم قىرغىزلارغا يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، ئۇ غەلىبە شاتلىقى ئىچىدە رەقىبىنى ئۇنتۇپ قالدى.» بۇ ئۇنىڭ تەلتۆكۈس مەغلۇپ بولۇشىنى جەزملەشتۈردى. ھەق نەزەرخان قازاقلار بىلەن قىرغىزلارنى توپلاپ، ئابدۇلېتىپنىڭ بارگاھىغا تويۇقسىز ھۇجۇم قىلدى[13]. ئابدۇلېتىپ سۇلتانغا «ئوقيا ئوقى تەگدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ دۇنيادىن خوشلاشتى.»[14]

ئابدۇرەشىتخان بىلەن چۈچۈك خانىم ئابدۇلېتىپ سۇلتاننىڭ ۋاپات بولغانلىقىدىن ۋاقىپلىنىپ، ماتەم كېيىمىنى كېيىپ ئۇنىڭ جەسىتىنى ئالتۇناۋۇققا ئەكېلىپ، ئۇنىڭ بوۋىسى مەشھۇر سۇلتان سەئىدخاننىڭ قەبرىسىنىڭ ئايىغىغا دەپنە قىلدى. ئابدۇرەشىتخان ئەتىۋارلىق ئوغلى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن قوشۇن باشلاپ رەقىبلىرىگە قارشى ئاتلاندى. ئۇ رەقىبلىرىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلىپ، ھەق نەزەرخاننى ئەسىر ئالدى[15]. بۇ ۋەقەنىڭ قايسى يىلى يۈز بەرگەنلىكىنى

ھازىرچە مۇقىملاشتۇرۇش قىيىن.

شاھ مەھمۇت جوراس، ھەيدەر ئىبىن ئەلى، مۇھەممەت ئىبىن ۋەلىلەر بۇ قېتىملىق جەڭنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قايسى يىلى يۈز بەرگەنلىكىنى ئېيتمىغان. ۋ. پ. يۇدىن، ۋ. ۋ. بارتولد، ك. ئى. پېتروۋ، ۋ. ل ۋېياتكىن قاتارلىقلار بۇ مەسىلە توغرىسىدا سوۋېت ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ لېنىنگراد شۆبىسىدە ساقلىنىۋاتقان نامەلۇم ئاپتورنىڭ تۈركچە ئەسىردىن نەقىل كەلتۈرىدۇ. بۇ ئەسەردە ئابدۇلېتىپ سۇلتاننىڭ ئۆلۈمى سەۋەبىدىن ئابدۇرىشىتخان ئېلىپ بارغان جازا يۈرۈشىگە دائىر ئەھۋاللار خاتىرىلەنگەن، بۇ مەلۇماتتىن ئۇ جەڭنىڭ ھىجرىيە 944 - يىلى (مىلادى 1537 - يىلى) يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن[16].

ئاكىمۇشكىن ئۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللارنى يىغىنچاقلاپ مۇنداق دەپ قارايدۇ: «ئابدۇرىشىتخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇلېتىپ سۇلتان بۇ ۋەقەنىڭ سەۋەبچىسى. بۇ ۋەقە تەخمىنەن ھىجرىيە 963 - يىلى (مىلادى 1556 - يىلى) يۈز بەرگەن بولسا كېرەك، بۇنىڭدىن كېيىن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى شۇ قېتىمقى جەڭدە ئابدۇرىشىتخانغا ياردەملەشكەن نەۋرۇز ئەخمەتخان شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى ئۆلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، ئابدۇلېتىپ سۇلتان 29 ياشتا جەڭدە ئۆلگەن. ھىجرىيە 944 - يىلى (1537 - يىلى) ئۇنىڭ ئاتىسى 29 ياشتا ئىدى. دېمەك، بىز مۇھەممەت ھەيدەرنىڭ ئەسىردە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن يېزىلغان تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ بىرى. ھىجرىيە 944 - يىلى (1537 - يىلى)، يەنە بىرى، ئەڭ كېيىن بولغاندا ھىجرىيە 963 - يىلى (1556 - يىلى) يۈز بەرگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز[17].

## 2. ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئابدۇكېرىمخان

جوراس يازغان «تارىخى رەشىدى زەيلى» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئابدۇلېتىپ سۇلتان ئۆلگەندىن كېيىن، ئابدۇرىشىتخان ئابدۇكېرىمنى ئاكىسىنىڭ ئورنىغا ئاقسۇغا ئەمىر قىلىپ تەيىنلىگەن. ئابدۇكېرىمخان ئاقسۇغا بېرىشنى خالىمىغان، بەزىلەر ئۇنىڭدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇ «ئاتامنىڭ ھاياتى ماڭا غەنىيمەت» دەپ جاۋاب بەرگەن. بەزى ھەسەتخورلار پادىشاھقا ئابدۇكېرىمدە باشقا غەرەز بار دەپ چاققان. شۇڭا ئابدۇرىشىتخاندا گۇمان تۇغۇلغان. ئابدۇرىشىتخان ئابدۇكېرىمگە مۇنۇ بېيىتنى يازغىن دەپ بۇيرۇق قىلغان.

ئاتىسىنى ئۆلتۈرگۈچىگە پادىشاھلىق يارىماس،
ئەگەر يارايدىغان بولسا ئالتە ئايدىن ئارتۇق چىدىماس.

ئابدۇكېرىم بۇ بېيىتنى دەرھال يازغان ۋە بەلبېغىنى بوينىغا سېلىپ ئېگىلىپ تۇرۇپ، خان ئالدىدا مەقسىتىنى بايان قىلغان.

ئابدۇرېشىتخان يەنە ئابدۇكېرىمگە ئاكىسى ئابدۇلېتىپ سۇلتان ھەققىدە دۇئا قىلىشىنى بۇيرىغان، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن قانائەتلەنگەن. ئابدۇرېشىتخان ئۇنىڭ تەلىپىنى سورىغاندا، ئۇ يېڭىسارغا بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئابدۇرېشىتخان ئۇنى قانائەتلەندۈرگەن ھەمدە جان مۇھەممەت مىرزا بايرىنىنى ۋەزىر قىلىپ تەيىنلىگەن . مۇھەممەت ئېبىن ۋەلى ئابدۇكېرىمخان ئاتىسى ھايات چاغدا قەشقەرگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلەنگەن دەيدۇ.

ئابدۇكېرىمخان مۇتەئەسسىپ مەزھىپىدىكى تەقۋادار مۇسۇلمان ئىدى . ئۇ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ نۇرغۇن ماھارەتلىرىنى، بولۇپمۇ ئوقيا ياساش ۋە سازچېلىشىنى پۇختا ئۆگىنىۋالغان . كېيىن بۇرۇنقى رەسمىيەتلەر بويىچە ئانىسى چۈچۈك خانىم ۋە ئەمىرلەر، كاتتىباشلار ئۇنى خان قىلىپ تىكلىدى . شاھ مەھمۇت جوراس «تارىخى رەشىدى زەيلى» دە «ئابدۇكېرىمخان 30 ياشتا تەختكە چىقتى ..... 33 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى ..... 63 ياشتا ئالەمدىن ئۆتتى» دەيدۇ . ئاكىمۇشكىن ئابدۇكېرىمخان ھىجرىيە 967 - يىلى ( 1559 - 1560 - يىللار) تەختكە چىققان دەپ قارايدۇ .

«تارىخى ئەمىنىيە» دىكى خاتىرىلەرمۇ جوراسنىڭ «تارىخى رەشىدى زەيلى» نىڭكىگە ئوخشايدۇ .

«قەشقەر تارىخى» دە، ئابدۇكېرىمخان 34 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى، 63 ياشتا ئالەمدىن ئۆتتى دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئابدۇكېرىمخاننىڭ ئۆلگەن يىلى توغرىسىدىكى قاراشلار ھەر خىل.

ئاكىمۇشكىن ئابدۇكېرىمخان ھىجرىيە 999 - يىلى ياكى 1000 - يىلى (1590 - يىلى ياكى 1591 - يىلى) ئۆلگەن دەپ قارايدۇ .

«تارىخى ئەمىنىيە» دە، ئابدۇكېرىمخان ھىجرىيە 1000 - يىلى ئۆلگەن دېيىلىدۇ .

تەزكىرىچى ئابدۇل مەننان ئابدۇكېرىمخان ھىجرىيە 998 - يىلى ياكى 999 - يىلى (1590 - ياكى 1591 - يىلى) ئالەمدىن ئۆتكەن دەيدۇ ،

«ئىنسات تالىبىن» ناملىق كىتابتا، ئابدۇكېرىمخان ھىجرىيە 1000 ـ يىلى ئۆلگەن دەپ خاتىرىلەنگەن[27].

شاھ مەھمۇت جوراس يازغان «تارىخى رەشىدى زەيلى» دە، ئابدۇكېرىمخان ھىجرىيە 999 ـ يىلى ئۆلگەن دېيىلگەن[28].

3 . ئۈچىنچى ئوغۇل ئابدۇرېھىم

شاھ مەھمۇت جوراس يازغان «تارىخى رەشىدى زەيلى» دە، ئابدۇرەشىتخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئابدۇرېھىم سۇلتان ئابدۇرەشىتخان ھايات چاغدا باشقا دىندىكى تىبەتلىكلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئەمىن ئەخمەت رازى: ئۈچىنچى ئوغۇل ئابدۇرېھىم سۇلتان ئاتىسىنىڭ ئىلتىجاسى بىلەن تىبەتكە بېسىپ كىرگەندە، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈلگەن دەيدۇ.

ن ئېلىئارىس ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئابدۇرەشىتخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئابدۇرېھىم ئاتىسىنىڭ رازىلىقىنى ئالمايلا، قوشۇن باشلاپ ئۆز ئېلىدىن تىبەتكە بېسىپ كىرگەن ۋە شۇ يەردە ئۆلتۈرۈلگەن دەيدۇ.

4. تۆتىنچى ئوغۇل ئەبۇرەھىم

ئابدۇرەشىتخاننىڭ تۆتىنچى ئوغلى ئەبۇ رەھىم توغرىسىدا شاھ مەھمۇت جوراس «تارىخى رەشىدى زەيلى» دە خاتىرە قالدۇرمىغان، پەقەت ئەمىن ئەھمەد رازى بۇ كىشى ئۈستىدە توختىلىپ ئۇنى 16 ياشتا كېسەل بىلەن ئۆلگەن دەيدۇ.

5 . بەشىنچى ئوغۇل ئادخام سۇلتان (سوپى سۇلتان)

ئابدۇرەشىتخاننىڭ 5 ـ ئوغلى ئادخام سۇلتاننى كىشىلەر سوپى سۇلتان دەپ ئاتىغان.

ئۇ «تارىخى رەشىدى زەيلى» دە، ئابدۇرەشىتخاننىڭ تۆتىنچى ئوغلى ئىبراھىم دېيىلگەن. ئابدۇرەشىتخان ئۇنى قەشقەرنى ئىدارە قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئۇ قەشقەردە ئالتە يىل ۋەزىپە ئۆتىگەن.

سوپى سولتان گەپتان، باتۇر، كەسكىن، ھوقۇقنى ئىشلىتىشكە ماھىر، مىجەزى ھاكاۋۇر، كېلىشكەن ئەر ئىدى. ئەتراپىدىكىلەر ئۇنى ئاتاقلىق ھۆكۈمران دەپ ھېسابلايتتى.

جوراس يازغان «تارىخى رەشىدى زەيلى» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئابدۇكېرىمخان تەختكە چىقىپ ئىككى كۈندىن كېيىن سوپى سۇلتان قەشقەردىن ئوردىغا كەلگەن. ئابدۇكېرىمخان ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا: «قېرىندىشىم، كونا رەسمىيەت بويىچە مېنى خانلىققا تەيىنلىدى، ئەگەر سىلىنىڭ خانلىققا مەيلىلىرى بولسا، مەن ئەلنى سىلىگە تاپشۇرىمەن، مەن دۇنيانى دەپ سىلە بىلەن قارشىلاش

ھايمەن» دېدى، ئاندىن كېيىن چۈچۈك خانىم سوپى سۇلتانغا: «ئەي جېنىم بالام، ھازىر، ئابدۇكېرىم سىلىگە ئاتا ئورنىدا. موغۇل سۇلتانلىرىنىڭ كونا قائىدىسىدىمۇ، قايسى ياشتا چوڭراق بولسا شۇنى خان دەپ بىلىپ شۇنىڭغا بويسۇنىدىكەن. كونا رەسمىيەت بويىچە ئابدۇكېرىمنى خان قىلىپ تىكلىدۇق، سىلىچە قانداق؟» دېدى. سوپى سۇلتان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئانىسى بىلەن ئاكىسى ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ: «ئابدۇكېرىمخاننى ئاتامنىڭ ئورنىدا بىلىپ، ئۇنىڭغا تامامەن ئىتائەت قىلىمەن» دېدى، ئابدۇكېرىمخان سوپى سۇلتاننى قەشقەر بىلەن يېڭىسارغا ۋالى قىلدى. سوپى (ئىبراھىم) تەخمىنەن ھىجرىيە 996-يىلى (1588-يىلى) قەشقەردە ئۆلدى[29].

## 6. ئالتىنچى ئوغۇل مۇھەممەت سۇلتان

سوپى سۇلتاننىڭ قەشقەردىكى ئورنىغا ئۇنىڭ ئىنىسى — ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئالتىنچى ئوغلى مۇھەممەت سۇلتان ۋەلىئەھد بولغاندەك قىلىدۇ. «خەفت ئىقلىم» دېگەن كىتاب يېزىلىپ تاماملانغان چاغدا،[30] مۇھەممەت ئۇ يەردە ۋالى ئىدى.

ن. ئېلىئارېس مۇنداق دەيدۇ، ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئوغلى مۇھەممەتخان تەختتىكى چاغدا تارقاتقان ئىمتىياز گۇۋاھنامىسى ھېلىمۇ بار؛ بۇ گۇۋاھنامىدە پىسكەنت دېگەن جايدىكى مۇھەممەت فازىل دېگەن كىشىگە «تارخان» دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەن. ئۇنىڭدا بۇ گۇۋاھنامە ھىجرىيە 996-يىلى يەنى مىلادى 1587-يىلى قەشقەردە تارقىتىلغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. ھىجرىيە 996-يىلى 1587-يىل 12-ئاينىڭ 2-كۈنىدىن 1588-يىل 11-ئاينىڭ 20-كۈنىگىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[31].

جوراس «تارىخى رەشىدى زەيلى» دە خاتىرىلىنىشىچە، ئابدۇكېرىمخان ئۆلۈپ ئۈچ ئايدىن كېيىن مۇھەممەتخان موغۇلىستانغا قايتىپ كېلىپ تەختكە ۋارىسلىق قىلغان. ئاكىمۇشكىن بۇ ۋاقىت ھىجرىيە 999-ياكى 1000-يىلى (1590-ياكى 1591-يىلى) بولسا كېرەك دەپ قارايدۇ. شاھ مەھمۇت جوراسنىڭ يازغانلىرى باشقا تارىخىي ماتېرىياللارنىڭكىگە ئوخشايدۇ.

جوراسنىڭ خاتىرىلىنىشىچە، مۇھەممەتخان ئابدۇرېشىتخاننىڭ بەشىنچى ئوغلى بولۇپ، ئۇ جانىبېكنىڭ ئوغلى ئەدىك سۇلتاننىڭ قىزى چۈچۈك خانىمدىن تۇغۇلغان، ئابدۇلېتىپ سۇلتان ئۆلگەندىن كېيىن، ئابدۇرېشىتخان ئۇنى ئاقسۇغا ۋالىي قىلىپ ئەۋەتكەن.

بۇ چاغدا مەنسۇرخاننىڭ ئوغلى شاھخان كۇچاغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتاتتى. مۇھەممەتخان شاھخاننىڭ قىزىغا ئۆيلەنمەكچى بولىدى. ئۇ شاھخان موڭغۇللارغا يۈرۈش قىلىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ قىزىنى تارتىۋالماقچى بولىدى. شاھخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، قوشۇن باشلاپ ئاقسۇغا ھۇجۇم

قىلدى. شاھخان ئاقسۇنى قورشىۋېلىپ، مۇھەممەتخاننى ئەسىر ئالدى. ئابدۇكېرىمخان دەرھال ئەلچى ئەۋەتىپ، شاھخاندىن مۇھەممەتخاننى قويۇۋېتىشنى ئۆتۈندى. شاھخان ئۇنى ئابدۇكېرىمخاننىڭ ھۇزۇرىغا قايتۇرۇۋېتىشكە قوشۇلدى. مۇھەممەتخان بىر مەزگىل ئابدۇكېرىمخاننىڭ ھۇزۇرىدا تۇردى. ئابدۇكېرىمخان ئۇنىڭغا ھەر تەرەپلىمە غەمخورلۇق قىلدى. سوپى سۇلتان قەشقەردە ئۆلگەندە، ئۇ سوپى سۇلتاننىڭ ئورنىغا قەشقەرگە ئەۋەتىلدى. ئاكىمۇشكىن بۇ ۋاقىت ھىجرىيە 996-يىلى (1588 - يىلى) بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ.

7 . ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئوغلى ئەبۇ سەئىد سۇلتان

شاھ مۇھەممەت جوراس «تارىخى رەشىدى زەيلى» دە مۇنداق دەيدۇ، ئەبۇ سەئىد سۇلتان ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئالتىنچى ئوغلى (بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا يەتتىنچى ئوغلى دېيىلىدۇ). ئۇ ئابدۇكېرىمخاننىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ خوتەندىن يەكەنگە كەلگەن. ئابدۇكېرىمخان ئۆلۈپ ئۈچ ئايدىن كېيىن مۇھەممەتخان تەختكە ۋارىسلىق قىلغان. مۇھەممەتخان ئەبۇ سەئىدنى قەشقەر بىلەن يېڭىسارنىڭ ۋالىيلىقىغا، ئەمىر چىگىل بەردىنى ۋەزىرلىككە تەيىنلىگەن.

ئوبۇل فازىلنىڭ خاتىرىلىشىچە (32)، ئابدۇرىشىتخان ھىجرىيە 967 - يىلى ياكى 968 - يىلى ئۆلۈپ ئۇزاق ئۆتمەي، ئەبۇ سەئىد سۇلتان ئانىسى چۇچۇك خانىم ۋە ئاكىسى سوپى سۇلتان بىلەن بەدەخشانغا كەلگەن. بۇ چاغدا بەدەخشاننىڭ ھۆكۈمرانى مىرزا سۇلايمان ئىدى. ئەبۇ سەئىد سۇلتان ئۇنىڭ چوڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن ھەمدە بەدەخشاندا قېلىپ رۇستاك دېگەن جاينى باشقۇرغان، بۇ جاينى مىرزا سۇلايمان قىزىغا ئىنئام قىلغانىدى. ئاكىمۇشكىن يەنە مۇنداق دەيدۇ، ئەبۇ سەئىد سۇلتان رۇستاكتا ئانچە ئۇزۇن تۇرمىغان، ئۇ يەنە يەكەنگە قايتىپ كەلگەن. ئابدۇكېرىمخان ئۇنىڭغا خوتەن شەھىرى ۋە پۈتكۈل خوتەن رايونىنى ئىنئام قىلغان. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇنىڭ بەدەخشاندىكى سەرگۈزەشتىسى توغرىسىدا، يەكەنگە نېمىشقا كەلگەنلىكى توغرىسىدا تارىخىي ماتېرىياللاردا ھېچقانداق مەلۇمات يوق.

8 . ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئوغلى قۇرەيش سۇلتان

ئابدۇرىشىتخاننىڭ يەنە بىر ئوغلىنىڭ ئىسمى قۇرەيش سۇلتان. ئابدۇرىشىتخان ھايات چاغدا ئۇنى خوتەنگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەن. تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئابدۇكېرىمخان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە، ئۇ يەكەندىن جۇڭغارىيىگە ۋە تۇرپانغا قېچىپ بېرىپ، ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغان. ئابدۇكېرىمخان مۇھەممەت سۇلتانغا قۇرەيش سۇلتاننى باستۇرۇشنى بۇيرۇغان. مۇھەممەت سۇلتان ئۈچ ئاي ۋاقىت ئىچىدە قۇرەيشنىڭ ئىسيانىنى

تىنچىتقان. ئۇ قۇرەيش سۇلتاننى يەكەندىكى ئابدۇكېرىمخاننىڭ ئالدىغا ئەكەلگەن. ئابدۇكېرىمخان، قۇرەيش سۇلتاننىڭ گۇناھىنى تونۇغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھىندىستانغا كېتىشىگە ئىجازەت بەرگەن. ھىندىستاندا ئۇنى ئەكبەر پادىشاھقا ئالغان ھەمدە ئۇنىڭغا يەر-زېمىن ئىنئام قىلغان. ئاكىمۇشكىن تارىخىي ماتېرىياللارنى تەھلىل قىلىشقا ئاساسلىنىپ، بۇ ۋەقە «تەخمىنەن ھىجرىيە 996 - يىلى (1587 - 1588 - يىللار) يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ھىجرىيە 997 - يىلى (1589 يىلى) قۇرەيش ھىندىستانغا كەتكەن دەپ قارايدۇ.

ئىبىن ۋەلى مۇنداق دەيدۇ، سۇلتان مۇھەممەت شاھخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قۇرەيش سۇلتان توققۇز كۈنلا خان بولغان، 10 - كۈنى ئاپاقخان تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان.

ئەمىن ئەھمەت رازى «خەفت ئىقلىم» دا كۆرسىتىشىچە، سەككىزىنچى ئوغۇل قۇرەيش سۇلتان ئابدۇكېرىمخان بىلەن چىقىشالمىغانلىقتىن ھىندىستانغا كەتكەن، ئۇ ھىندىستاندا ئەتىۋارلانغان بولسىمۇ، بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەن. شۇ چاغدا ئۇنىڭ بەش ئوغلى ھىندىستاندا قالغان.

«ئەكبەر نامە» دە خاتىرىلىنىشىچە، قۇرەيش سۇلتان تولغاق كېسىلى بىلەن ھىجرىيە 1000 - يىلى (1591 - 1592 - يىللار) ئۆلگەن.

9. ئابدۇرەشىتخاننىڭ ئوغلى مۇھەممەت باقى سۇلتان

شاھ مەھمۇت جوراس «تارىخى رەشىدى زەيلى» دە، ئابدۇرەشىتخاننىڭ يەنە بىر ئوغلىنىڭ ئىسمى مۇھەممەت باقى سۇلتانغا دائىر ئىشلارنى خاتىرىلىگەن: مۇھەممەتخان قەشقەردىكى زېمىندا تەخت ۋارىسى بولغاندا، مۇھەممەت باقى سۇلتان ــــ ئابدۇرەشىتخاننىڭ سەككىزىنچى ئوغلى ئاقسۇ بىلەن ئۇچتۇرپاننىڭ ۋالىيسى بولغان. ئۈچ يىل ۋەزىپە ئۆتىگەندىن كېيىن، ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن باقى دۇنياغا سەپەر قىلغان. ئاكىمۇشكىن مۇھەممەت باقى سۇلتان تەخمىنەن ھىجرىيە 999 - يىلى (1590 - يىلى) ئابدۇكېرىمخاندىن سەل بۇرۇن ئۆلگەن دەپ كۆرسىتىدۇ.

10. كىچىك ئوغۇل ئابدۇرېھىمخان

ئابدۇرەشىتخاننىڭ كىچىك ئوغلى ئابدۇرېھىمخان ئاتىسى ئۆلۈپ ئۈچ ئايدىن كېيىن، يەنى ھىجرىيە 967 - يىلى (1559 - 1560 - يىللار) تۇغۇلغان. ئابدۇكېرىمخان ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلغان، مۇھەممەتخان تەختكە چىققان يىلى ئۇ 33 ياش ئىدى. مۇھەممەتخان ئۇنى جۇڭغارىيە بىلەن تۇرپانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئەۋەتكەن. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭغان ھەمراسى مىرزا شاھ ئىدى. بۇ مەزگىلدە قۇرەيش سۇلـ

تانىڭ ئوغلى خۇدا بەندى سۇلتان قازاقلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ جۇڭغارىيە بىلەن تۇرپاننى كونترول قىلىۋاتاتتى. موغۇللار ئۇنى ئابدۇرېھىمخان بىلەن مىرزا شاھقا تۇتۇپ بەردى. مىرزاشاھ خۇدا بەندىنى يەكەنگە ئېلىپ باردى. ئابدۇرېھىمخان جۇڭغارىيە بىلەن تۇرپانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى [31]. ئاكىمۇشكىن بۇ ۋەقە ھىجرىيە 1004 - يىلى (1595 - 1596 - يىلى) يۈز بەرگەن بولسا كېرەك دەپ ھېسابلايدۇ.

مىرزاشاھ مەھمۇت چوراسنىڭ خاتىرىلىشىچە، ئابدۇرېھىمخان 40 ياشقا كىرگەندە ھاكىمىيەت باشقۇرۇشقا كىرىشكەن. 70 ياشتىن ئاشقاندا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان. ئۇنىڭدىن توققۇز ئوغۇل قالغان.

يۇقىرىقىلار خەنزۇچىدىن باشقا يازما يادىكارلىقلاردا يەكەن خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇرېشىتخاننىڭ پەرزەنتلىرى توغرىسىدا خاتىرىلەنگەن مەلۇماتلار بولۇپ، ئۇنى تولىمۇ تولۇقسىز مەلۇمات دەپ ھېسابلاش مۇمكىن. ھازىر موغۇللار ۋە ئۇلارنىڭ خانلىرىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ئابدۇرېشىتخاندىن بۇرۇنقى تارىخىي ئەھۋاللار مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر يازغان «تارىخى رەشىدى» دە ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى بابۇر يازغان «بابۇرنامە» دە ئىنتايىن تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. ئەمما يەكەن خانلىقىنىڭ ئابدۇرېشىتخاندىن كېيىنكى تارىخىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى ماتېرىياللار تولىمۇ كەمچىل، مەن بۇ يېتەرسىزلىكنى تولۇقلاش ئۈچۈن، خەنزۇچىدىن باشقا يازما يادىكارلىقلاردىكى مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى تاللاپ تەرجىمە قىلىپ، رەتلەپ، تەتقىقات خادىملىرىنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندۇم.

ئىزاھلار:

① مۇھەممەت ھەيدەر ئابدۇرېشىتخان ھىجرىيە 915 - يىلى (1509 - 1510 - يىلى) تۇغۇلغان دەيدۇ.

② «قەشقەرىيە»، 62 - بەت. شاھ مەھمۇت ئىبنى مىرزا فازىل چوراس «تارىخى رەشىدى زەيلى» (ئو. ف. ئاكىمۇشكىن تەرجىمە قىلغان رۇسچە نۇسخا). ئەمىن مۇھەممەت رازىنىڭ خاتىرىلىشىچە، ئابدۇرېشىتخان ھىجرىيە 950 - يىلى (1543 - 1544 - يىلى) 25 ياشتا تەختكە چىققان، 33 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ھەيدەر ئىبنى ئەلى ئابدۇرېشىتخان ھىجرىيە 978 - يىلى (1570 - 1571 - يىلى) ئۆلگەن دەيدۇ. مۇھەممەت ئىبنى ۋەلى بولسا، ئابدۇرېشىتخان ھىجرىيە 975 - يىلى (1567 - 1568 - يىلى) ئۆلگەن دەپ قارايدۇ.

(3)(4) ئاكەمۇشكىن تەرجىمە قىلغان رۇسچە «تارىخىي رەشىدى زەيلى» گە قاراڭ.
(5) «خەفت ئىقلىم» ھىجرىيە 1005 - يىلى (1593 - 1594 - يىلى) ھىندىستاندا يېزىپ تاماملانغان. كاتىپا ھېر «تارىخ - جۇغراپىيىگە دائىر خاتىرىلەر»، 1843 - يىل.
(6)(7)(8)(9)(10)(11)(12) ئاكەمۇشكىن تەرجىمە قىلغان رۇسچە «تارىخىي رەشىدى زەيلى» گە قاراڭ.
(13)(14)(15)(16)(17) ن. ئېلىئاس «تارىخىي رەشىدى» ئېنگىلىزچە نۇسخا، كىرىش سۆز، جوراس «تارىخىي رەشىدى زەيلى» (ئاكەمۇشكىن تەرجىمە قىلغان رۇسچە نۇسخا).
ك. پ. پېترووۋ: «XV - XVIII ئەسىرلەردىكى قىرغىزلارنىڭ فېئوداللىق مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، فرۇنزى، 1961 - يىل.
ۋ. پ. يۇدىن «XV - XVIII ئەسىرلەردىكى قازاق خانلىقىنىڭ تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، ئالما - ئاتا، 1969 - يىل.
ۋ. ۋ. بارتولد «قىرغىزلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «بارتولد ماقالىلىرى» II توم، 10 - قىسىم، موسكۋا، 1963 - يىل.
مۇھەممەت ئىبىن ۋەلى: «بەھرەل ئەسرار». سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان قوليازما.
(19)(20)(21)(22) جوراس «تارىخىي رەشىدى زەيلى»، رۇسچە تەرجىمە نۇسخا.
(23) «قەشقەر تارىخى»، سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان قوليازما، 576 - بەت.
(24) «تارىخىي رەشىدى زەيلى» (ئاكەمۇشكىن تەرجىمە قىلغان رۇسچە نۇسخا).
(25) موللا مۇسا سايرامى «تارىخىي ئەمىنىيە»، «قەشقەرىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تارىخى»، ن. ن. بانتىسوۋ، قازان نەشرى، 1905 - يىل.
(26) جوراس «تارىخىي رەشىدى زەيلى» (ئاكەمۇشكىن تەرجىمە قىلغان رۇسچە نۇسخا).
(27)(32) شاھ مەھمۇد ئەمىر فازىل جوراس «ئانسام مالىبىن»، سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان قوليازما 13771.
(28)(29) «تارىخىي رەشىدى زەيلى» رۇسچە نۇسخا.
(30)(31) ن. ئېلىئاس «تارىخىي رەشىدى»، ئېنگىلىزچە نۇسخا، كىرىش سۆز.
(33) «ئەكبەرنامە»، ئېنگىلىزچە نۇسخا، كالكۇتتا، 1897 - 1910 - يىللار.
(34)(35) جوراس «تارىخىي رەشىدى زەيلى»

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ئۇچۇرى» 1990 - يىل 2 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلەت نۇردۇن